ش ئۇ ئا ر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى ئەمەلىي قوللىنىش بويىچە تەربىيەلەش دەرسلىكى

新疆维吾尔自治区中小学教师教学信息化应用能力培训教材




# 40 سائەت

يەكەن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئېلېكترلىك ئوقۇتۇش مەركىزى تەرجىمە قىلىپ تارقاتتى

莎车县教育局电教中心 翻译

ش ئۇ ئا ر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى
ئەمەلىي قوللىنىش بويىچە تەربىيەلەش دەرسلىكى

新疆维吾尔自治区中小学教师教学信息化应用能力培训教材

# 40 سائەت

يەكەن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئېلېكترلىك ئوقۇتۇش
مەركىزى تەرجىمە قىلىپ تارقاتتى

莎车县教育局电教中心 翻译

**تۈزۈشكە تەشكىللىگۈچى:**
ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئېلېكتىرلەشكەن مائارىپ يۇرتى

**تەرجىمگە تەشكىللىگۈچى:**
يەكەن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئېلېكتىرلىك ئوقۇتۇش مەركىزى


**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:**
ياسىنجان تۇرسۇن ئاتازات

**تەرجىمە قىلغۇچىلار:**
ياسىنجان تۇرسۇن ئاتازات
ئەكبەرجان ئىمىن
ئابلىز قۇربان

**مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلەرنى لايىھەلىگۈچى:**
ئابدۇلېتىپجان ئىسلام

**كوررېكتور، تېخرېداكتور:**
ئابدۇلېتىپجان ئىسلام

**خەتتات:**
راخمانجان توختى



# مۇندەرىجە

# Content 目录

1 ـ سائەت ئوقۇتۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بولسا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى..1

2 ـ سائەت كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش مەنبەلىرىنى تونۇش ۋە ئۇلارغا ئېرىشىش........................................................ 2 2

3 ـ سائەت «شىنجاڭ ئاساسى مائارىپ بايلىق مەنبەسى ئاممۋى مۇلازىمەت سۇپىسى» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە (1) .................................. 35

4 ـ سائەت «شىنجاڭ ئاساسى مائارىپ بايلىق مەنبەسى ئامموى مۇلازىمەت سۇپىسى» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە (2) .................................. 47

5 ـ سائەت «شىنجاڭ ئاساسى مائارىپ بايلىق مەنبەسى مۇلازىمەت سۇپىسى» ـ شەخسلەر مەركىزى.................................................. 59

6 ـ سائەت ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن قوشتىل ئوقۇتۇش سۇپىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە........................................................ 9 7

7 ـ سائەت «شىنجاڭ قوشتىل مائارىپ بايلىق مەنبەلىرى ئامموى مۇلازىمەت سۇپىسى» ھەققىدە چۈشەنچە (1)........................................ 125

8 ـ سائەت «شىنجاڭ قوشتىل مائارىپ بايلىق مەنبەلىرى ئامموى مۇلازىمەت سۇپىسى» ھەققىدە چۈشەنچە (2) ....................................... 149

9 ـ سائەت تەقلىدىي تەجرىبە سىستېمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى.............. 160

10 ـ سائەت تاۋتۇ خەنزۇتىلى كارتون دەرسلىكى، بىلگىيار قوشتىل يۇمشاق دېتالى، خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ماتېماتىكا تور لۇغىتىنىڭ ئىشلىتىلىشى.......... 170

11 ـ سائەت «سىنىپ كېزەر» ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىشلىتىش ماھارىتى... 187

12 ـ سائەت «سىنىپ كېزەر» ئۈسكۈنىلىرىنى دائىملىق باشقۇرۇش............ 202

13 ـ سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى ـ Word نى قوللىنىش (1) ........... 208

14 ـ سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى ـ Word نى قوللىنىش (2) ........... 215

15 ـ سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى ـ Word نى قوللىنىش (3) ........... 219

16-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- Word نى قوللىنىش (4) ........... 226
17-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- Word نى قوللىنىش (5) ........... 230
18-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- Word نى قوللىنىش (6) ........... 232
19-سائەت ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچ قاچىلاش، تەڭشەش، يېزىق كىرگۈزۈش ۋە تەھرىرلەش........................................................ 236
20-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- Excel نى قوللىنىش (1).............239
21-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- Excel نى قوللىنىش (2).............250
22-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- Excel نى قوللىنىش (3).............260
23-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- Excel نى قوللىنىش (4).............269
24-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- Excel نى قوللىنىش (5).............277
25-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- Excel نى قوللىنىش (6).............283
26-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- PowerPoint نى قوللىنىش (1) .... 286
27-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- PowerPoint نى قوللىنىش (2) .... 294
28-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- PowerPoint نى قوللىنىش (3) .... 298
29-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- PowerPoint نى قوللىنىش (4) .... 302
30-سائەت Office ئىشخانا يۇمشاق دېتالى- PowerPoint نى قوللىنىش (5) .....306
31-سائەت Windows 7 ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە........................... 308
32-سائەت Windows 7 مەشغۇلات سىستېمىسىنى قاچىلاش.................. 314
33-سائەت بىر قىسىم مائارىپ ئورگان تور بېكەتلىرى ۋە ھەقسىز بايلىق مەنبەسى تور بېكەتلىرى بىلەن تونۇشۇش............................................ 326
34-دەرس شىنجاڭ ئاساسىي مائارىپ بايلىق مەنبەسى مۇلازىمەت سۇپىسىدا ئېلېكترونلۇق دەرس تەييارلاشقا دائىر مىساللار............................ 334
35-دەرس مىكرو فىلىمنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا قوللىنىلىشى.............. 342
36-دەرس ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن قوشتىل ئوقۇتۇش مۇلازىمەت سۇپىسى باشلانغۇچ ماتېماتىكا دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى ئەمەلىي مىساللار.................... 347
37-دەرس ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن قوشتىل ئوقۇتۇش مۇلازىمەت سۇپىسى باشلانغۇچ مەكتەپ قوشتىل ئەدەبىياتىنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىكى ئەمەلىي مىساللار.......... 352
38-دەرس ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن قوش تىل ئوقۇتۇش سۇپىسىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا قوللىنىش ئەندىزىسى............... 356
39-دەرس ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن قوش تىل ئوقۇتۇش سۇپىسىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇتىلى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا قوللىنىش ئەندىزىسى............... 370
40-دەرس ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن قوش تىل ئوقۇتۇش سۇپىسىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ گۈزەل سەنئەت دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا قوللىنىش ئەندىزىسى............ 374
سۈرەتلىك ئەسلىمىلەر................................................381

# يېڭىدىن تەييارلانغان كىتابلار:













Tel：18399108880　18399107770　　E-mail: 2917064501@qq.com

库科来木

Koklem

http://www.koklam.com.cn http://www.koklem.com.cn

مۇلازىمەتلىرىمىز:
ھەرخىل ماركىلىق كومپيۇتېر، پىرىنتېر سېتىش، رېمونت قىلىش، كۆزىتىش ئاپپاراتى ئورنىتىش، ئىدارە ئورۇنلارنى تورلاشتۇرۇش، مەكتەپ تېلېۋىزىيەسى ئورنۇتۇش، كىتابخانا باشقۇرۇش، تەجرىبەخانا باشقۇرۇش سىستېمىسى قاچىلاش ۋە تەڭشەش، ھەرخىل ماتېرىياللارنى بېسىش، كۆپەيتىش.

ئالاقىلاشقۇچى: ئەسقەرجان

تېلېفون: 18399107770 18399108880 18799551401

مەنزىل: يەكەن ناھىيە خېنىمئېرىق ئىجدىمائىي رايوننىڭ ئۇدۇلىدا

# 1 ـ سائەت ئوقۇتۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بولسا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى

كۆپچىلىك ياخشىمۇسىلەر، بۈگۈنكى تۇنجى سائەتلىك دەرسىمىزدە ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئوقۇتۇشتىكى رولى توغرىسىدا سۆزلەيمىز.

نۆۋەتتىكى تەربىيەلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تۆۋەندىكى تۆت بۆلەك بويىچە سۆزلىنىدۇ، 1 ـ بۆلەكتە ئالدى بىلەن «ئوقۇتۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بولسا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى» دېگەن مەزمۇندا سۆزلىنىدۇ يەنى بۇ بۆلەكتىكى ئاساسلىق مەزمۇنلار ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم رولى توغرىسىدىكى مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ، 2 ـ بۆلەكتە «نۆۋەتتىكى مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نىشان ۋە ۋەزىپىلىرى» سۆزلىنىدىغان بولۇپ، بۇ بۆلەكتە سۆزلىنىدىغان ئاساسلىق مەزمۇنلار دۆلىتىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرى، 3 ـ بۆلەكتە سۆزلىنىدىغان ئاساسلىق مەزمۇن بولسا بۇ قېتىملىق تەربىيەلەشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە يېتىدىغان نىشان، 4 ـ بۆلەكتە بۇ قېتىملىق تەربىيەلەشنىڭ تەربىيەلەشنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى ۋە دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار سۆزلىنىدۇ.

مۇھىم مەزمۇنلار: 1 ـ بۆلەك ئوقۇتۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بولسا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى.










1) ئۇچۇرلاشتۇرۇش بولسا دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلپى.

بىز ياشاۋاتقان دەۋر بولسا ھەممە جايىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قاپلىغان بىر دەۋر، نۆۋەتتە كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مائارىپتىكى رولىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولسىمۇ لېكىن، يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسىدە خاتالىق مەۋجۇت، نۆۋەتتە يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە توختىماي ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەۋاتقان مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، بىز چوقۇم ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك؟ ئەجەبا بۇرۇن بىز ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئېلىپ بارمىغاندىمۇ ئوخشاشلا نورمال دەرسىمىزنى ئۆتۈۋەرگەنغۇ؟ نېمىشقا نۆۋەتتە ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى بۇنچە تەكىتلىنىدۇ؟ بىز ئالدى بىلەن شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بولسا، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلپى. ھەممەيلەن بىلىمىز، نۆۋەتتە بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋر بولسا بىر ئۇچۇرلاشقان دەۋر، تۇرمۇشىمىز ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ، ئادەتتىكى تاللا بازىرىدىن تارتىپ بانكىلارغىچە، چوڭ-كىچىك شىركەتلەردىن تارتىپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغىچە ھەممىسىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىش بېجىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ئەگەر يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ كۆزىتىدىغان بولساق، تۇرمۇشىمىزدىكى مال سېتىۋېلىشتىن تارتىپ تېلېفونلىرىمىزغا پۇل قاچىلاشقىچە، ھەربىيلەرنىڭ قورallarنى يىراقتىن كونترول قىلىشقىچە بولغان ھەممىسىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.







ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئاللىبۇرۇنلا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىپ بولدى. يۇقىرىقى رەسىمگە قارايدىغان بولساق، بۇ رەسىملەرنىڭ ھېچقايسى بىزگە ناتونۇش ئەمەس، بانكىدىن پۇل ئېلىش، تېلېفوندا ئۈندىدار ئارقىلىق سۆزلىشىش، توردىن نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش، ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى ئەۋەتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ئىپادىسى. نۆۋەتتە مەيلى تۇرمۇش ياكى ئۆگىنىش، خىزمەتتە بولسۇن ئۇچۇرلاشتۇرۇش خۇددى توك، سۇغا ئوخشاش تۇرمۇشىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمي بولۇپ بولدى.

دۆلەت ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى دۆلەت ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈردى.




ئۇچۇرلاشتۇرۇش كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيىتى، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئاللىقاچان بىر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىگە باھا بېرىشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى بولۇپ قالدى. ئۇچۇرلاشتۇرۇش بىر دۆلەت، بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن

شۇنچە مۇھىم بولغان ئىكەن، ئۇچۇر ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى تەربىيەلىنىشى جەمئىيەتتىكى ھەر بىر كىشىگە قويۇلغان بىر تەلەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سالاھىتى بىلەن ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۇچۇر بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلىنىشى شۇنداقلا مۇئەييەن ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ئىگىلىشى لازىم.




ئۇنداق بولمايدىكەن ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە ماسلىشالمايدۇ. بىز بىر مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن ئۇچۇر بىلىملىرى ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ئىگىلەشنى ئۆزىمىزگە قويۇلغان مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرى دەپ بىلىشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن بىز دەۋرنىڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىيالمايمىز. ئۇچۇرلاشتۇرۇش مۇشۇنداق مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى دۆلەت ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى. مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى دۆلەت مائارىپ پىلانىنىڭ مۇھىم ئورنىغا قويدى، يىغىپ ئېيتقاندا مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.


2) ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە پايدىلىق.

ئوقۇغۇچىلار بولسا ئوقۇتۇش خىزمىتىمىزنىڭ مەركىزى نۇقتىسى بولۇپ، مەكتەپتىن بىرنى قۇرۇپ ئۇنىڭغا قاتتىق دېتاللارنى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوخشىمىغان سەزگۈ ئەزاسىنىڭ بىلىمنى (ئۇچۇرنى) قوبۇل قىلىش نىسبىتى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، تۆۋەندىكى سۈرەتكە قارايدىغان بولساق، كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىم (ئۇچۇر)نىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ 83.5% گە يېتىدىكەن، ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىم (ئۇچۇر) نىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 11% ئەتراپىدا بولىدىكەن، قالغان سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىم (ئۇچۇر) نىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى تېخىمۇ تۆۋەن

بولىدىكەن، كۆرۈش سەزگۈسى ۋە ئاڭلاش سەزگۈسى قوشۇلۇپ ئېرىشكەن بىلىم (ئۇچۇر) نىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 94.5% بولىدىكەن.




ئوخشاش مەزمۇننى ئوخشمىغان سەزگۈ ئەزاسى ئارقىلىق ئۆگىنىش (قوبۇل قىلىش) نىڭ سېلىشتۇرمىسى




يۇقىرىقى سۈرەت بولسا، ئوخشاش مەزمۇننى ئوخشىمىغان سەزگۈ ئەزاسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىنكى سىناش ئەھۋالىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى. ئوخشاش ئۆگىنىش مەزمۇننى ئوخشاش بولمىغان سەزگۈ ئەزاسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ، 3 سائەتتىن كېيىن سىناش ئېلىپ بارغاندا بىلىم (ئۇچۇر) نىڭ ئەستە ساقلىنىش نىسبىتى ئوخشمايدىغان بولۇپ، ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان بىلىم (ئۇچۇر) نىڭ ئەستە ساقلىنىش نىسبىتى 60%، كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان بىلىم (ئۇچۇر) نىڭ ئەستە ساقلىنىش نىسبىتى 70%، كۆرۈش+ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق ئۆگەنگەن بىلىم (ئۇچۇر) نىڭ ئەستە ساقلىنىش نىسبىتى 90% كە يەتكەن، 3 كۈندىن كېيىنكى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە بىلىم (ئۇچۇر) نىڭ ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ مۇستەھكەملىنىشى (ئەستە ساقلىنىشى) 15% ئەتراپىدا بولغان، كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمنىڭ مۇستەھكەملىنىشى (ئەستە ساقلىنىشى) 40% ئەتراپىدا بولغان، كۆرۈش+ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق ئۆگەنگەن بىلىم (ئۇچۇر) نىڭ مۇستەھكەملىنىشى (ئەستە ساقلىنىشى) نىسبىتى 75% كە يەتكەن. مەسىلەن: مەلۇم بىر ئادەم باللىق دەۋرىدە كۆرگەن مەلۇم بىر فىلىمنىڭ مەلۇم بىر كۆرۈنۈشى ياكى ئاساسى مەزمۇننى نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئېسىگە ئالالايدىكەن، لېكىن شۇ كىشىدىن ئەينى يىللاردا ئوقۇتقۇچىسى سۆزلىگەن مەلۇم بىر دەرسنىڭ ئاساسى مەزمۇننى سورىساق

دەپ بېرەلىشى ناتايىن. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا مەلۇم بىر ئۇچۇر ياكى بىلىمنى بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سەزگۈسى ئارقىلىق قوبۇل قىلغاندا بۇ خىل بىلىمنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەستە ساقلىنىش نىسبىتى بىز ئويلىغاندىنمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولىدىكەن. شۇڭلاشقا دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر نۆۋەتتە «كۆرۈش+ئاڭلاش مائارىپى»نى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان بولۇپ، دۆلىتىمىزمۇ بۇ خىزمەتكە ناھايىتى يۇقىرى ئەھمىيەت بەرمەكتە، يەنى بىز دائىم دەيدىغان كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش دەل «كۆرۈش+ئاڭلاش مائارىپى» دېگەنلىكتۇر. مەقسەت بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

3) ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ دەرس ئۆتكەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.




ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ دەرس ئۆتكەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە بولغان قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولىدۇ. قىزغىنلىق بولسا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. يەنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئەڭ ئاساسى ئىچكى كۈچ. ياخشى بولغان ئوقۇتۇش مۇھىتى بولسا ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ ئاساسىي شەرتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىش بولسا كۈندىلىك ئوقۇتۇش خىزمىتىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىزنىڭ ئۆتۈۋاتقان دەرسىڭىزگە قىلچە قىزىقىشى بولمىسا، سىز دەرسنى مەيلى قانچىلىك ئەستايىدىل ئۆتۈشىڭىزدىن قەتئىي نەزەر ئۆتكەن دەرسىڭىزنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئوقۇتقۇچىلارغا ياردەم قىلىپ ئۆتۈۋاتقان مەزمۇنلارنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغان مەزمۇنلارنى ناھايىتى جانلىق ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ.

مەسىلەن: بىز «يانار تاغنىڭ پارتلىشى» دېگەن مەلۇم بىر دەرسنى ئۆتمەكچى بولساق ئەگەر كونا دەرس ئۆتۈش ئەندىزىسى بىلەن بىر كىتاب ۋە بىر دوسكىدىن پايدىلىنىپلا دەرس ئۆتسەك، ئوقۇغۇچىلار يانار تاغ پارتلاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ھېس قىلالمايدۇ. ئەگەر، بىز كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىدىن

پايدىلىنىپ يانار تاغنىڭ پارتلىشىغا مۇناسىۋەتلىك رەسىم، فىلىم ھۆججەتلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسەتسەك، ئوقۇغۇچىلار يانار تاغنىڭ پارتلىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن تېخىمۇ تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقالايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ سائەتلىك دەرسكە بولغان تونۇشىنى دەرسنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىشىشىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز.

4) ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ياردەم بېرەلەيدۇ.







ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە پايدىلىق بولۇپ، كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ دەرس ئۆتكەندە دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى بېيىتىدۇ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشتا ئوقۇتقۇچى خېلى كۆپ ۋاقتىنى دەرسلىك مەزمۇنىنى يەتكۈزۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلەيدىغان ۋاقتى ھەددىدىن زىيادە كۆپ، ئوقۇغۇچىنىڭ مەشىق قىلىدىغان، مۇستەھكەملەيدىغان ۋاقتى يېتەرلىك ئەمەس. ئوقۇغۇچىنىڭ قوبۇل قىلىدىغان ئۇچۇرلىرى بولسا دەرسلىكتىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ يەشمىسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار سۆزلىگەن بۇ مەزمۇنلارنى ھەزىم قىلىپ بولۇشى كېرەك. قېيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى. دەرسخانىدا سۆزلەنگەن مەزمۇنلارنى ئۆگىنىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ناھايىتى كۆپ ۋاقتىنى ئۆتۈلگەن دەرسلىكلەرنى قايتىدىن تەكرارلاش ۋە مۇستەھكەملەشكە سەرپ قىلىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى يۈكىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان بولۇپ، ئەگەر ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇنداق تەكرارلىنىۋەرسە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزىقىشى ۋە ئىشتىياقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىسىز تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ دەرس ئۆتسەك شۇ بىر سائەتلىك دەرسنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى جەريانغا ئايلاندۇرۇپ، قاراتمىلىق، جانلىق ھالدا ئەپچىللىك بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز. ئوقۇتۇش داۋامىدا مائۇسنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىقلا نۇرغۇنلىغان دەرسكە مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرنى، فىلىم ھۆججەتلىرىنى ياكى كارتونلارنى ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز. ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىنىڭ جانلىق چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن دەرسلىك دېتالىدىكى فىلىم ياكى سۈرەتلەرنى كۆرىدۇ، فىلىملەرنىڭ ئاۋازلىرىنى

ئاڭلايدۇ، شۇنداقلا كۆپلىگەن مەشىق سوئاللىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق دەرسلىك مەزمۇنىنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ. بۇنداق بولغاندا، دەرسخانىدىكى كۆپلىگەن ۋاقتىمىزنى تېجىيەلەيمىز ۋە دەرس مەزمۇنىنى بېيىتالايمىز. ئوقۇتقۇچىلار كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش بىلەن، بىرگە بورنى ئاز ئىشلىتىش ئارقىلىق سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قوش ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

2ـ بۆلەك نۆۋەتتىكى مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نىشان ۋە ۋەزىپىلىرى


教育部文件

教技〔2012〕5号

教育部关于印发《教育信息化十年发展规划（2011－2020年）》的通知


主题词：教育 信息 发展 规划 通知

教育部办公厅 2012年3月20日印发



- 2012ـ يىلى 3ـ ئايدا مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش 10 يىللىق تەرەققىيات پىلانى رەسمىي ئېلان قىلىندى.
- ئومۇمىي نىشان: 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، دۆلىتىمىز مائارىپىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيەسىگە يېقىنلاشتۇرۇش، مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش.
- 2010ـ يىلىدىن كېيىن مائارىپ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش دەۋرىگە كىردى.
- 2012ـ يىلى 8ـ ئايدا «تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى تېلېۋىزىيە تېلېفون يىغىنى» ئېچىلدى.





بۇ قېتىملىق يىغىن دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. چۈنكى، بۇ قېتىملىق يىغىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش مەخسۇس باش تېما قىلىنغان تۇنجى قېتىملىق مەملىكەت دەرىجىلىك يىغىن ئىدى. يىغىنغا گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لىيۇ يەندۇڭ قاتنىشىپ، مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا يەنە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىنىڭ مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ يۆزلىنىشى ۋە نىشانى چوڭقۇر ئانالىز قىلىندى. شۇنداقلا بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مەملىكەتلىك مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەلۋەتتە، يىغىننىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، بۇ بىر سائەتلىك دەرس بىلەن ئۇنى تەپسىلىي سۆزلەپ بولالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

بىز بۇ بىر سائەت دەرستە مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسىنى «ئۈچ تۇتاشتۇرۇش، ئىككى سۇپا دېگەن» بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاش ئارقىلىق چۈشەندۈرمەكچىمىز.




ئۇنداقتا «ئۈچ تۇتاشتۇرۇش، ئىككى سۇپا» دېگەن نېمە؟

«ئۈچ تۇتاشتۇرۇش» دېگىنىمىز بولسا- كەڭ بەلباغلىق تورنى مەكتەپلەرگە تۇتاشتۇرۇش(宽带网络校校通) يەنى مەكتەپلەرگە ئەكىرىش، يۇقىرى سۈپەتلىك مەنبەلەرنى «سىنىپ كېزەر»(班班通)لەرگە تۇتاشتۇرۇش(优质资源班班通)، تور ئۆگىنىش بوشلۇقىنى ھەر بىر كىشىگىچە تۇتاشتۇرۇش(网络学习空间人人通).

كەڭ بەلباغلىق تورنى مەكتەپلەرگە تۇتاشتۇرۇش- بۇ ئۈچ تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىچىدىكى مۇھىم مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەر دەرىجىلىك مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسي.

ئاساسي قۇرۇلۇش-مەكتەپكە كەڭ بەلباغلىق تور ئەكىرىش ۋە مەكتەپتە تور شارائىتىدىكى ئاساسي ئوقۇتۇش مۇھىتى (مەكتەپ ئىچكى تورى يەنى مەكتەپ ئىچىدىكى بارلىق ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆز ئارا تورلاشتۇرۇش) بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەكتەپكە كەڭ بەلباغلىق تورنى ئەكىرىشنى ھەر قايسى جايلاردىكى تېلېگراف، كۆچمە ئالاقە، بىرلەشمە ئالاقە شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەر مەبلەغ سېلىپ ئىشقا ئاشۇرىدىغان بولۇپ، مەكتەپلەر يىللىق ئىشلىتىش ھەققىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. تور شارائىتىدىكى ئاساسي ئوقۇتۇش مۇھىتىنى مەكتەپ

ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار (بۇنى شۇ جاينىڭ ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ) مەبلەغ چىقىرىپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

«سىنىپ كېزەر»(班班通)- ھەر بىر سىنىپقا مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۈچۈرلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تورلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، قاتتىق ۋە يۇمشاق دېتاللارنىڭ تۈتىشىشى ئاساسىدا ئۈچۈرلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ئوقۇتۇش بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەر قايسى سىنىپلار سىرتقى دۇنيا بىلەن ئوخشىمىغان قاتلاملار بويىچە ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارالايدۇ. ئۈچۈرلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ۋە پەنلەرنىڭ دائىملىق ئوقۇتۇشىنى ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش شەكلى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش شەكلىدىكى ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تور ئۆگىنىش بوشلۇقىنى ھەر بىر كىشىگىچە تۇتاشتۇرۇش ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىغا تور ئۆگىنىش بوشلۇقى ۋە مۇھىتىنى تەمىنلەيدىغان ئاساسى ئۆگىنىش بوشلۇقى تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قىلغىلى بولىدۇ شۇنداقلا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئائىلە باشلىقلىرى قاتارلىق ئىشلەتكۈچىلەرگە پىكىر ئالماشتۇرىدىغان يېشىل پىكىر ئالماشتۇرۇش سەھنىسى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

«ئاساسى مائارىپ بايلىق مەنبەسى مۇلازىمەت سۇپىسى» ئاساسلىق ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن مائارىپ بايلىقلىرىنى يىغىش ۋە ھەمبەھىرلەشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان قۇرۇش ۋە قوللىنىشنىڭ باغلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. «ئاساسى مائارىپ بايلىق مەنبەسى مۇلازىمەت سۇپىسى» نىڭ قۇرۇلۇشى ئەمەلىيەتتە بۇلۇت مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلۇت ھېسابلاش ئەندىزىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتال بايلىقلىرىنىڭ بىرلىشىشنى، ئۈنۈمدارلىقىنى ئەڭ يۇقىرى ھالەتتە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا مەكتەپ ئۈچۈرلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەننەرخىنى ۋە ئۈچۈر قۇرۇلۇشىنىڭ قېيىنلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. ئوقۇتۇش بايلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىتىشتە ئۆزئارا ياخشى تۈرتكە بولۇشنى ئالغا سىلجىتىدۇ، ئىشلىتىش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

«مائارىپ باشقۇرۇش ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسى» بولسا مائارىپ باشقۇرۇشنى توغرا بولغان سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مۇلازىمەت سۇپىسى. بۇنىڭدا ئوقۇش سالاھىيىتى باشقۇرۇش، مۇقىم مۈلۈك باشقۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلار ئۇچۇرى باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپلىگەن قوللانما بۆلەكلەر بار بولۇپ، سۇپىنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇشى «ئىككى دەرىجىلىك قۇرۇلۇش، بەش دەرىجىلىك قوللىنىش»نى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ مائارىپ سىياسەتلىرى ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات قوللاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شۇنداقلا يەرلىك ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ.

مەزكۇر سۇپا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنى توغرا بولغان سانلىق قىممەت بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىرگە ھەرقايسى مائارىپ تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەرنىمۇ توغرا بولغان ئىستاتىستىكا بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.



2015 - يىلى 11 - ئايدا، «تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش يىغىنى» ئېچىلىپ 3 يىلدىن كېيىن مەركەز «2 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنى»نى ئاچتى، يىغىندا «تۇنجى قېتىملىق مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنى»دىن بۇيانقى نەتىجىلەر خۇلاسىلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىللىق مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش، يەنى «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

يىغىندا يەنە «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈپ، هازىرقى زامان ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقلىرىنى ھەمبەھىرلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، رايونلار، شەھەرلەر، مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ ئىدىيەسىدە ۋە ئوقۇتۇش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تەربىيەلەش ئارقىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەكىتلەندى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نىشانى : ئۇچۇرلاشتۇرۇش مۇھىت قۇرۇلۇشىدا «ئۈچ تۇتاشتۇرۇش، ئىككى سۇپا» قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش، شۇ ئاساسدا ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى قوللىنىش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش ئىدىيەسى ۋە ئوقۇتۇش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نىشانىدىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىمىز ئېغىر ھەم شەرەپلىك، مۇشۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ كەسپى ساپايىمىز ۋە تېخنىكا سەۋىيەيىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشىمىز، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

| 内容 | 全国 | 新疆 |
| --- | --- | --- |
| 互联网接入率 | 85% | 55% |
| 多媒体教室拥有率 | 77% | 75% |
| 全部应用数字教育资源进行教学的学校 | 37.1% | 3% |


مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججىتى


制的实施方案》印发给你们，请结合本地、本单位工作实际，认真研究，贯彻实施。

教育部　财政部　国家发展改革委
工业和信息化部　中国人民银行

2014年11月16日

— 2 —


教　育　部
财　政　部
国家发展改革委　文件
工业和信息化部
中国人民银行

教技〔2014〕6号

**教育部　财政部　国家发展改革委
工业和信息化部　中国人民银行关于
印发《构建利用信息化手段扩大优质教育
资源覆盖面有效机制的实施方案》的通知**

各省、自治区、直辖市教育厅（教委）、财政厅（局）、发展改革委、工业和信息化主管部门、中国人民银行分行，计划单列市教育局、财政局、发展改革委、工业和信息化主管部门、中国人民银行分行，新疆生产建设兵团教育局、财政局、发展改革委、工业和信息化主管部门、中国人民银行分行：

现将《构建利用信息化手段扩大优质教育资源覆盖面有效机

— 1 —

2014- يىلى 12- ئاينىڭ 5- كۈنى مائارىپ مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق بەش ئورۇن «ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك ئوقۇتۇش بايلىقلىرىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنى كېڭەيتىش ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى تارقاتتى، بۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ 2020- يىلىغىچە بولغان ئالتە يىللىق خىزمەت پىلانى بېكىتىلدى، 2015- يىلى 10- ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق بەش ئورۇن تارقاتقان ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى قاتارلىق بەش ئورۇنمۇ «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ، باللار باغچىلىرىنىڭ مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرى»نى تارقاتتى.

بۇ ئىككى ھۆججەتنىڭ روھى بىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئومۇمىي نىشان: ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەلا سۈپەتلىك ئوقۇتۇش بايلىقلىرىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنى كېڭەيتىش ئۈنۈملۈك مېخانىزمى قۇرۇپ چىقىش، ھەر دەرىجىلىك ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ كەڭ بەلباغلىق تور بىلەن ئومۇمىي يۈزلۈك قاپلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئەلا سۈپەتلىك سىپىرلىق ئوقۇتۇش بايلىقلىرىنى تەييارلاش ۋە ھەمبەھىرلەش (ئىشلىتىشكە تەمىنلەش)، ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر بىرلەشتۈرۈش، رايونلار، شەھەرلەر، مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىش، مائارىپ ئادىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆگىنىش تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش، نىشانى بىلەن ماس كېلىدىغان مائارىپ ئۇچۇر تۈزۈلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش.

| 【总体目标】 | 【阶段目标】 | 【重点任务】 |
|---|---|---|
| • 通过构建利用信息化手段扩大教育资源覆盖面的有效机制，实现各级各类学校宽带网络的全覆盖，优质数字教育资源的共建共享，信息技术与教育教学的全面深度融合，逐步缩小区域、城乡、校际之间的差距，促进教育公平，提高教育质量，支撑学习型社会建设，形成与国家教育现代化发展目标相适应的教育信息化体系。 | • 到2015年，全国基本实现各级各类学校互联网全覆盖，其中宽带接入比例达50%以上，拥有网络教学环境; 50%的教师和30%的初中以上学生拥有网络学习空间。<br>• 到2017年，全国基本实现各级各类学校宽带网络接入，网络教学和学习环境完善;城市和农村学校班均带宽分别不小于4兆和2兆。所有教师和初中以上的学生普遍应用网络学习空间。<br>• 到2020年，城镇和农村学校班均带宽分别不少于10兆和5兆；基本形成学习型社会的信息化服务体系，整体上接近国际先进水平。 | • 重点任务是“三通两平台”，加快推进“宽带网络校校通”;全面推进“优质资源班班通”;大力推进“网络学习空间人人通”;建设教育资源公共服务平台;建设教育管理公共服务平台。 |

باسقۇچلۇق نىشان: 2015- يىلى دۆلەتمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئىنتېرنېت تورى بىلەن تولۇق قاپلىنىشنى ئاساسى جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدىن 50% دىن يۇقىرى بولغان مەكتەپتە تور ئوقۇتۇش مۇھىتى بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، 50% ئوقۇتقۇچى، 30% تولۇقسىزدىن يۇقىرى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ تور ئۆگىنىش بوشلۇقى بولغان بولۇش.

2017- يىلغا بارغاندا دۆلەتمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئىنتېرنېت تورى بىلەن تولۇق قاپلىنىشنى ئاساسى جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش، تور ئوقۇتۇش مۇھىتى ۋە ئۆگىنىش مۇھىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، شەھەر ۋە يېزا مەكتەپلەرنىڭ كەڭ بەلباغلىق تورنىڭ سىنىپ بېشىغا توغرا كېلىشى 4 مېگا ۋە 2 مېگا دىن كەم بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، تور ئۆگىنىش بوشلۇقىنى بارلىق ئوقۇتقۇچىلار ۋە تولۇقسىزدىن يۇقىرى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

2020- يىلغا بارغاندا شەھەر ۋە يېزا مەكتەپلەرنىڭ كەڭ بەلباغلىق تورنىڭ سىنىپ بېشىغا توغرا كېلىشى 10 مېگا ۋە 5 مېگا دىن كەم بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۆگىنىش تىپىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئاساسى جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈش، ئومۇمىي جەھەتتىن خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يېقىنلىشىش.